مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولايلى

# ياخشى تۇغقىنىم ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈشۈمگە ياردەم قىلدى

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز گې يوۋجۈن، ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز لى باۋجۇ

4 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ئەتىگەندە، جىمسار ناھىيەسىنىڭ جىمسار بازىرى بەيچۈەن كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى پەزىلە ئائىلىسى ئاچقان تاللا بازاردا ئالدىراش بولۇپ كەتتى، مال جازىسىنى رەتلىدى، تاۋارلارنىڭ سانىنى ئېنىقلىدى، تاللا بازارنىڭ تازىلىقىنى قىلدى... گەرچە قىلىدىغان ئىش ناھايىتى كۆپ بولسىمۇ، ئۇ ئىشلىگەنسېرى غەيرەتكە كەلدى، چىرايىدا ھەمىشە كۈلكە جىلۋىلەندى.

«مېنىڭ بەختلىك تۇرمۇشۇم تەستە قولغا كەلگەن، يى سىڭلىمغا ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمەن». پەزىلە دائىم مۇشۇنداق دەيدۇ. پەزىلە دەۋاتقان يى سىڭىل جىمسار ناھىيەلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ بەيچۈەن كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت ئەزاسى يى شىن بولۇپ ھەم ئۇنىڭ قوشماقلاشقان تۇغقىنى ئىدى، ئىككىيلەننىڭ رىشتى 2018 ـ يىلىنىڭ بېشىدا باغلانغانىدى.

«ئاچامنىڭ ئۆيىگە ئەمدىلا كەلگەندە، بىز تېخى ئانچە تونۇشمايتتۇق، شۇ چاغدا ئاچامنىڭ ئائىلىسىنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالى بىرقەدەر ناچار، ئۆيىدە ھەتتا تۈزۈكرەك بىرەر ئۆي جاھازىسىمۇ يوق ئىدى، ئەمما تامغا بالىلارنىڭ تەقدىرنامىلىق چاپلانغان بولۇپ، كۆزگە ئالاھىدە چېلىقىپ تۇراتتى» دېدى يى شىن ئەسلەپ.

ئۆزئارا چۈشىنىشنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، يى شىن پەزىلەنىڭ ئەسلىدە ئۆز ئوغلىنى باققاندىن سىرت، ئىلگىرىكى يىللاردا يەنە ئىككى بالا بېقىۋالغانلىقىدىن خەۋەر تاپتى. چۈنكى بۇ ئىككى بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى تاسادىپىي ئارقا ـ ئارقىدىن ئۆلۈپ كېتىپ، ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغان ئادەم يوق ئىدى، ئاق كۆڭۈل پەزىلە ئۇلارنى بېقىۋېلىپ، ئۆز بالىسىدەك كۆرۈپ ھالىدىن خەۋەر ئالدى. شۇ چاغدا، يى شىننىڭ كۆز ئالدىدىكى بۇ قارىماققا ناھايىتى ئاددىي لېكىن ناھايىتى قەيسەر ئاچىسىغا بولغان ھۆرمەت ھېسسىياتى قوزغالدى.

پەزىلەنىڭ ئېرى بىرقەدەر ئېغىر بەل ئومۇرتقىسى كېسىلىگە گىرىپتار بولغاچقا، جىسمانىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنالمايتتى، بۇ يىللاردىن بۇيان، ئۆينىڭ تۇرمۇش ئېغىر يۈكى پەزىلەگىلا يۈكلىنىپ قالدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىككى بالىنى بېقىۋالغاچقا، ئەسلىدىلا نامرات بۇ ئائىلىنىڭ تۇرمۇشى تېخىمۇ قىيىنلىشىپ كەتتى. پەزىلە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئاشخانىدا مۇلازىمەتچى، قۇرۇلۇش ئورنىدا توشۇش ئىشچىسى بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئائىلىسىنىڭ قىيىن ئەھۋالىنى ئۆزگەرتەلمىدى.

يى شىن ئادەتتىكى زىيارەتلىرىدە پۈتكۈل بەيچۈەن كەنتىدە بىرەر تۈزۈكرەك دۇكاننىڭ يوقلۇقىنى بايقىدى. شۇنىڭ بىلەن، يى شىن پەزىلەنىڭ كەنتتە بىر كىچىك دۇكان ئېچىشىغا ياردەم قىلغىلى بولىدىغان ـ بولمايدىغانلىقىنى ئويلىدى، بۇنداق بولغاندا ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشىغا قولايلىق بولاتتى ھەم تەرەپ ـ تەرەپكە قاتراپ يۈرۈپ ئىشلەمچىلىك قىلىشىنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى.

قىلمەن دەپلا قىلدى، پەزىلەنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالغاندىن كېيىن، يى شىن كىچىك دۇكان ئېچىش ئىشى بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتتى.

تىجارەت كىنىشكىسى بېجىرىش، دۇكاننى بېزەشنى ياخشى قىلىش، مال جازىسى زاكاز قىلىش، مال كىرگۈزۈشكە تەييارلىق قىلىش... 2018 ـ يىلى 6 ـ ئايدا، يى شىننىڭ زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىشىدە، پەزىلە ئائىلىسىنىڭ دۇكىنىدا تىجارەت باشلاندى. ئادەتتە يى شىن بوش ۋاقتى بولسىلا كېلىپ ياردەملىشەتتى، پەزىلەگە ياردەملىشىپ دۇكانلارنى تازىلاپ، مال جازىلىرىنى رەتلىشىپ بەردى، ئاچا ـ سىڭىل ئىككىسىنىڭ دوستلۇقى مانا مۇشۇنداق بېرىش ـ كېلىش جەريانىدا ئۈزلۈكسىز كۈچەيدى.

2019 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، يى شىن ۋە خىزمەت ئەترىتىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن پەزىلەنىڭ بېقىۋالغان قىزى ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن كەنت كادىرى بولۇپ، خىزمەتتە ۋە مۇقىم كىرىمى بار بولدى.

پەزىلەنىڭ دۇكىنىنىڭ تىجارىتى بارغانسېرى روناق تېپىپ، تۇرمۇشى بارغانسېرى ياخشىلاندى، بۇ چاغدا ئۇنىڭدا يەنە يېڭى ئىنتىلىش پەيدا بولدى.

2019 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، پەزىلە تەشەببۇسكارلىق بىلەن پارتىيە تەشكىلاتىغا كىرىشنى ئىلتىماس قىلدى. «مەن سىڭلىمدىن پارتىيە ئەزالىرىنىڭ سالاپىتىنى كۆردۈم، مەنمۇ مۇشۇنداق ئادەم بولۇشنى ئۈمىد قىلىمەن» دېدى پەزىلە. ئاچىسىنىڭ ئويى يى شىننى ھەيران قالدۇردى ۋە خۇشال قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاچىسىنىڭ پارتىيەگە تونۇشتۇرغۇچىسى بولدى. ئادەتتە باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىپ، ئامما ئارىسىدا ئىناۋىتى بىرقەدەر يۇقىرى بولغاچقا، پەزىلە يەنە كەنت ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە سايلاندى.

شىنجاڭ ياخشى جاي

# بوغدا كۆلى مەنزىرە رايونى رەڭدار پائالىيەتلەر ئارقىلىق ساياھەتچىلەرنى جەلپ قىلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **ياۋ گاڭ** خەۋەر قىلىدۇ: بوغدا كۆلىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى تاماشا قىلغاندىن سىرت، ساياھەتچىلەر يەنە سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ تارىخىنى چۈشىنەلەيدۇ، گۈزەل مەنزىرە ئىچىدە ياخشى كۆرىدىغان ئوقۇشلۇقنى «قوشۇپ ئوقۇيالايدۇ»، بوغدا كۆلى بويىدا جاراڭلىق شىنجاڭ ناخشىسىنى ئاڭلىيالايدۇ. 4 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى، سانجى ئوبلاستلىق سەنئەت يۈرتى ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكى، مۇزېي، كۇتۇپخانا قاتارلىق ئورۇنلار تىيانشان بوغدا كۆلى مەنزىرە رايونىغا بېرىپ، مول مەزمۇنلۇق مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى ئارقىلىق ساياھەتچىلەرگە ئوخشاش بولمىغان تىيانشان بوغدا كۆلىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى ھېس قىلدۇردى.

«ھەر يىلى تىيانشان بوغدا كۆلى مەنزىرە رايونىغا نەچچە قېتىم كېلىمەن، لېكىن بۇ قېتىمقى تەسىراتىم ئوخشىمايدۇ. مەدەنىيەت پائالىيىتى بىلەن گۈزەل مەنزىرە يۇغۇرۇلۇپ بىر گەۋدىگە ئايلىنىپتۇ، ھەم گۈزەل مەنزىرىدىن ھوزۇرلانغىلى، ھەم بىلىمنى ئاشۇرغىلى بولىدىكەن، كىشىگە پۈتۈنلەي يېپيېڭى تۇيغۇ بېرىدىكەن» دېدى ئۈرۈمچى شەھەرلىك ساياھەتچى لى مىن.

تونۇشتۇرۇلۇشىچە، تىيانشان بوغدا كۆلى مەنزىرە رايونى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى ياخشى ئىشلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، تەشۋىق قىلىش ـ يېتەكلەش، پائالىيەتلەرنى پىلانلاش، مۇلازىمەتنى ئەلالاشتۇرۇش، دەل جايىدىكى ماركېتنىڭ قاتارلىق كۆپ تۈرلۈك تەدبىرنى قوللىنىپ، ساياھەت كەيپىياتىنى تىرىشىپ يۇقىرى كۆتۈرگەن، ساياھەت ئىقتىسادىنىڭ مۇقىم قايتا ئۆرلىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

تىيانشان بوغدا كۆلى مەنزىرە رايونى ئېچىۋېتىشنى ئەسلىگە كەلتۈرگەندىن كېيىن، «شىنجاڭلىقلار شىنجاڭنى ساياھەت قىلىش»نى پۇرسەت دەپ بىلىپ، چوڭ سانلىق مەلۇماتلارنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق نۇقۇل ھالدا مەنزىرە تاماشا قىلىشنىڭ ئاللىقاچان ساياھەتچىلەرنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالمايۋاتقانلىقىنى بايقىغان.

«تېخىمۇ كۆپ شىنجاڭلىق ساياھەتچىنى مەنزىرە رايونىغا جەلپ قىلىش ئۈچۈن، بىز ساياھەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ ماھىيەتلىك مەزمۇنىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىپ، ساياھەت مەھسۇلاتلىرىنى تېخىمۇ موللاشتۇرۇپ، ساياھەتچىلەرنىڭ كۆپ قاتلاملىق، كۆپ تەرەپلىك ئېھتىياجىنى قاندۇردۇق» دېدى تىيانشان بوغدا كۆلى مەنزىرە رايونى باشقۇرۇش كومىتېتى تەشۋىقات ـ تەربىيە، قانۇن ـ نىزام باشقارمىسىنىڭ باشقارما باشلىقى لىۋ ۋېنيى.

ئىگىلىنىشچە، تىيانشان بوغدا كۆلى مەنزىرە رايونى يەنە توردا بىۋاسىتە كۆرسىتىپ مەنزىرە رايونىنى تەشۋىق قىلىش، ساياھەتتە ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى چىقىرىش قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق تېخىمۇ كۆپ يەرلىك ساياھەتچىلەرنى مەنزىرە رايونىغا كېلىشكە جەلپ قىلغان.



باغلار ئۆرۈك چېچىكىگە تولدى

4 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى، شەھەر ئاھالىلىرى ئارا تۈرۈك ناھىيەسىنىڭ تۇخۇلۇ يېزىسىدا ئۆرۈك چېچىكىنى تاماشا قىلماقتا. ئارا تۈرۈك ناھىيەسى تۇخۇلۇ يېزىسىدىكى 10 مىڭ مو يەردىكى ئۆرۈك چېچىكى بەس ـ بەستە پورەكلەپ ئېچىلىپ، ساياھەتچىلەرنى چېچەك سەيلىسى قىلىشقا جەلپ قىلدى.

□ پولات نىياز فوتوسى

# تىيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىدا مەجبۇرەن كۆچەت تىكىلىپ يېڭى يېشىللىق بەرپا قىلىندى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شەھەرمۇ بارغانسېرى گۈزەللەشمەكتە. مەجبۇرەن كۆچەت تىكىلىپ، بىر پارچە يېڭى يېشىللىق ئۈرۈمچى يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەر تەرەققىيات رايونى (يېڭىشەھەر رايونى) ئەنەنچۈي بازىرىدا ئاستا ـ ئاستا بارلىققا كەلدى. «بۇ يىل بىز تاللىغان يېشىل ئۆسۈملۈكنىڭ ھەممىسى باغ ـ ئورمانچىلىق، كۆكەرتىشتە ماسلىشىشچانلىقى كۈچلۈك، ناچار شارائىتقا تاقابىلچانلىقى ياخشى، رەڭگى خىلمۇخىل سورت بولۇپ، ئالتۇن يوپۇرماقلىق قارىياغاچ، قىزىل يوپۇرماقلىق تاشئالما، چوڭ يوپۇرماقلىق ئەرمۇدۇن، سېرىق ئاناناس قاتارلىقلار بار، شەكىللىك شارسىمان چاتقالدىن مەنزىرە دەرىخىگىچە، ئاندىن ئېھاتە ئورمىنىغىچە، قاتلاملىرى ئېنىق، رەڭگى ئوچۇق.» ئۈرۈمچى يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەر تەرەققىيات رايونى (يېڭىشەھەر رايونى) باغ ـ ئورمان باشقۇرۇش ئىدارىسى كۆكەرتىش ـ ئاسراش بۆلۈمىنىڭ كادىرى جاۋ يۈشۈەن مۇنداق دېدى: «كۆچەتلەرنىڭ ئەي بولۇش نىسبىتىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، بىز مەخسۇس سەككىز سۇغىرىش ئاپتوموبىلى سەپلەپ، ۋاقتىدا سۇغاردۇق».

ئىلگىرىكى مەركەزلىك كۆچەت تىكىش بۇ يىلقى تارقاق كۆچەت تىكىش ۋە تۈركۈمگە بۆلۈپ كۆچەت تىكىشكە ئۆزگەرتىلدى، كىشىلەر مۇۋاپىق ۋاقىت ئارىلىقى قالدۇرۇپ كۆچەت تىكىش شەكلىنى قوللىنىپ يۇقۇمنىڭ تەسىرىگە تاقابىل تۇردى. ئەنەنچۈي بازىرىدا كۆچەت تىككەندە، كىشىلەر تەبىئىيلا ئارىلىق قالدۇردى، يەنە ئىشنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن دېزىنفېكسىيەلەشنى ئۇنتۇماسلىقنى ئۆزئارا ئەسكەرتىشتى.

كەنت ۋە شەھەردىن ئايرىلىپ، يىراقتا سوزۇلغان يولدىمۇ، يەنە كىشىلەرنىڭ ئالدىراش سىماسىنى كۆرگىلى بولاتتى. چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيەسى ئۆلكە يولى 313 ـ لىنىيەسىنىڭ جەنۇبىدا، 16 مىڭ تۈپتىن ئارتۇق كۆچەت 414 مو قاقاسلىقنى يېشىللىققا پۈركىدى. تۇرپان ـ ئۈرۈمچى ـ داخۇاڭشەن تاشيولىنىڭ مىدۇڭ رايونى گۇمۇدى بازىرى لىنىيەسىدە ئاھالە گۈەن ۋېنچياڭ بىر تۈپ ئەرمۇدۇن دەرىخى تىكتى. «باھار كەلدى، بىر تۈپ كۆچەت تىكسەك، كۆچەتنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ ئۈمىدىمىزنىڭمۇ ئېشىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىمىز».

«مەجبۇرەن كۆچەت تىكىش ئىزچىل تۈردە ئاپتونوم رايونىمىزدا ئەتىيازلىق ئورمان بىنا قىلىشنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ كەلدى.» ياڭ جيەنمىڭ مۇنداق دېدى: «بىز بۇ يىل يېڭىدىن تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئورمان قانۇنى›غا بىرلەشتۈرۈپ، مەجبۇرەن كۆچەت تىكىش پائالىيىتىنى تەرتىپلىك قانات يايدۇرۇپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مەجبۇرەن كۆچەت تىكىش مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش شەكلىدە يېڭىلىق يارىتىپ، ئومۇمىي خەلقنىڭ مەجبۇرەن كۆچەت تىكىش مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىش نىسبىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئورمان بىنا قىلىش، كۆكەرتىش كۆلىمىنى ئاشۇرىمىز».

# جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ باھار مەنزىرىسى گۈزەل  ئېتىزلاردا دېھقانچىلىق ئىشلىرى ئالدىراش

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئۇنىڭ بۇنداق تولۇق ئىشەنچ قىلىشى دېھقانچىلىق تېخنىكلىرىنىڭ دائىم ئىشىك ئالدىغا كېلىپ يېتەكچىلىك قىلىپ، بۇغداينىڭ ئەتىيازلىق پەرۋىش ئىشلىرىنىڭ بارغانسېرى ئىلمىيلەشكەنلىكىدىن بولدى.

قەشقەر ۋىلايىتىدە ھازىر 3 مىليون 245 مىڭ مو كۈزگى بۇغداي بار، كۈزگى بۇغداي 3 ـ ئايدىن باشلاپ كەينى ـ كەينىدىن كۆكىرىشكە باشلىدى، دېھقانچىلىق مۇتەخەسسىسلىرى ۋە تېخنىكلار ئېتىز باشلىرىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، دېھقانلارنىڭ بۇغدايلارنى سۇغىرىش، ئوغۇتلاش، پەرۋىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىگە قاتناشتى ھەم يېتەكچىلىك قىلدى. كەڭ دېھقانلار يەنە APP، ئۈندىدار توپى، تېلېفون، تور، سىن قاتارلىقلار ئارقىلىق بۇغداي قاتارلىق دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ ئەتىيازلىق پەرۋىش تېخنىكىسى توغرىسىدا تېخنىكلاردىن خالىغانچە مەسلىھەت سورىسا بولىدۇ. نۆۋەتتە ھەرقايسى يېزا ـ بازارلار سۇ مەنبەسىنى تەقسىملەپ، بىرىنچى سۇيىنى، ئىككىنچى سۇيىنى سۇغىرىشنى بىرتۇتاش ياخشى پىلانلاپ جىپسىلاشتۇرۇۋاتىدۇ ھەم سۇغىرىش، ئوغۇتلاش پەرۋىشىنى، بۇغدايلىقتىكى ياۋا ئوت ـ چۆپلەرنىڭ ئۈنۈبىرسال ئالدىنى ئېلىش ـ تۈزەش قاتارلىق ئەتىيازلىق پەرۋىش مۇلازىمىتىنى ياخشى ئىشلەۋاتىدۇ.

## ئىلمىي پەرۋىش قىلىش ئارقىلىق كېۋەز مايىسىنىڭ ئۆسۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈش

«كېۋەز مايىسىنىڭ ئۈنۈپ چىققانلىقىنى كۆرۈپ، تەشۋىشلىنىۋاتقان كۆڭلۈم خاتىرجەم بولدى.» 4 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ئاقسۇ شەھىرى قارا تال بازىرى قازاق كەنتىدىكى كەنت ئاھالىسى توختى سەمەت ئېتىزغا بېرىپ كېۋەز مايىسىنىڭ ئۈنۈپ چىقىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى. ئالدىنقى بىر مەزگىلدە، ئۇ يەنە توپا ـ توزانلىق ھاۋارايىنىڭ كېۋەز مايىسىنىڭ ئۈنۈپ چىقىش نىسبىتىگە تەسىر كۆرسىتىشىدىن ئەنسىرىگەنىدى.

توختى كېۋەز تېرىقچىلىق چوڭ ئائىلىسى بولۇپ، ھەر يىلى 100 مو ئەتراپىدا كېۋەز تېرىيدۇ، بۇلتۇر كېۋەز تېرىشتىن قىلغان كىرىمى 100 مىڭ يۈەنگە يەتتى، يانچۇقى تومپىيىپ بۇ يىل ئۇنىڭ غەيرىتى تېخىمۇ ئاشتى. 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا، ئۇ كېۋەزنى بىر تۆشۈككە بىر تال ئۇرۇق سېلىپ تۇجۇپىلەپ تېرىشنى قوللاندى. توختىنىڭ ئېيتىشىچە، تېرىش ھالقىسىدا ئىلمىي، قېلىپلاشقان بولۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرغان بولۇپ، پەرۋىش ھالقىسىدىمۇ ئارقىدا قالسا بولمايدىكەن، يېڭىدىن ئۈنۈپ چىققان كېۋەز مايىسىغا قارىتا، ئۇ يوپۇق يۈزىنى تازىلاشقا باشلاپ، يوپۇق يۈزىنىڭ پاكىزلىقىنى ساقلىغان ھەم ئىككىنچى قېتىم تولۇقلاپ تېمىتىپ سۇغىرىشقا باشلاپ، مايىسىنىڭ تولۇق ئۈنۈپ چىقىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلغان.

ئاقسۇ ۋىلايىتى يىلدا كېۋەز تېرىلغۇ كۆلىمى 7 مىليون 500 مىڭ مو ئەتراپىدا ساقلاپ كەلدى. ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتىيە كومىتېتى يېزا خىزمىتى ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىكى ـ يېزا ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى خۇا ۋېيجېي تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: مايىسلارنى تولۇق ساقلاپ، مايىسلارنىڭ تىمەن بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، كېۋەزدىن مول ھوسۇل ئېلىشنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ھەرقايسى ناھىيە، شەھەر، ھەرقايسى مۇناسىۋەتلىك تارماقلار دېھقانلارنى ئېتىز پەرۋىشىنى كۈچەيتىپ، كېۋەز مايىسىنىڭ ئۈنۈش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ، ۋاقتىدا تولۇقلاپ تېرىشقا تەشكىللىدى؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تېخنىكلارنى تېخنىكا جەھەتتىن يېتەكلەش ھەم ئېتىزدا تەربىيەلەش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، دېھقانلارنىڭ كېۋەز مايىسلىرىنىڭ ئۈنۈپ چىقىشى داۋامىدا يولۇققان بەزى تېخنىكىلىق قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشىغا ياردەم بېرىشكە تەشكىللىدى.

«كېۋەز مايىسلىرىنىڭ ئۈنۈش مەزگىلىدە دائىم قاتتىق بورانلىق ھاۋارايى جەريانى كۆرۈلۈپ، بوران ئاپىتى كېۋەزنىڭ نورمال بىخ چىقىرىپ ئۈنۈشىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ، ھەتتا كېۋەز مايىسلىرىنى زىيانغا ئۇچرىتىدۇ، ھەتتا قۇرۇتۇۋېتىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، دەل ۋاقتىدا كېۋەزنى تەكشۈرۈپ، سولياۋ يوپۇقنىڭ چىڭ باستۇرۇلغان ـ باستۇرۇلمىغانلىقىنى، يوپۇق تۆشۈكچىلىرىنىڭ ئېچىلىپ قالغان ـ قالمىغانلىقىنى ياكى يوچۇقلارنىڭ ھەم ئېتىلگەن ـ ئېتىلمىگەنلىكىنى تەكشۈرۈپ ۋاقتىدا ئادەم كۈچى بىلەن توپا كۆمۈش كېرەك» دېدى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزىنىڭ مۇتەخەسسىسى لىيۇ رۇڭسېن.

## باغ ـ ئورمان ئۆلچەملىك پەرۋىشى بىلەن تولۇق قاپلاش

4 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى لوپ ناھىيەسىنىڭ ناۋا يېزىسى ناۋا كەنتىدىكى بىر پارچە ياڭاقلىقتا ئېكولوگىيە ئورمىنى مۇھاپىزەتچىسى مەرەمنىسا ئابدۇقادىر باغۋەنلەرنىڭ ياڭاق شاخلىرىنى شالاڭلىتىشىغا يېتەكچىلىك قىلىۋاتاتتى. بۇلتۇر 5 ـ ئايدا، ئۇ ئېكولوگىيە ئورمىنى مۇھاپىزەتچىلىكىگە تەكلىپ قىلىنغاندىن كېيىن، كىرىمى ئېشىش بىلەن بىللە، ياڭاق دەرىخىنى چاتاش، شاخلارنى شالاڭلىتىش قاتارلىق پەرۋىش تېخنىكىسىنىمۇ ئۆگىنىۋالدى. بۇ يىل ياڭاقنى ئەتىيازلىق پەرۋىش قىلىشتا، ئۇ ئىشىك ئالدىغىچە مۇلازىمەت قىلىدىغان تېخنىك بولدى.

مېۋىلىك دەرەخلەرنى ئەتىيازلىق پەرۋىش قىلىشقا كەلگەندە، مەرەمنىسانىڭ تەسىراتى ناھايىتى چوڭقۇر. ئۇ ئېكولوگىيە ئورمىنى مۇھاپىزەتچىسى بولۇشتىن ئىلگىرى، مېۋىلىك دەرەخلەرنى پەرۋىش قىلىشتا بىلىدىغانلىرى چاغلىق ئىدى، باشقىلار قانداق قىلسا ئۇمۇ شۇنداق قىلاتتى، ئۆزى قانچىلىك بىلسە شۇنچىلىكلا پايدىلىنالايتتى. ھازىر، شۇ جايدىكى باغ ـ ئورمان مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ قايتا ـ قايتا تەربىيەلىشى، «يەرلىك مۇتەخەسسىسلەر»نىڭ قايتا ـ قايتا يېتەكچىلىك قىلىشى ئارقىلىق، ياڭاق تېرىقچىلىقىنىڭ پۈتۈن جەريانىدىكى تۈرلۈك تېخنىكىلار ئۇنىڭ كاللىسىغا چوڭقۇر ئورناپ كەتتى.

«ئادەتتىكى دېھقانلارنىڭ باغ ـ ئورمانلارنى ئىلمىي پەرۋىش قىلىش ئاكتىپلىقىمۇ بارغانسېرى ئېشىپ، ئىلگىرىكى ئۆلاش، چاتاشنى خالىماسلىقتىن، ھازىرغا كەلگەندە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۆگىنىدىغان، قاتنىشىدىغان بولدى، كۆپچىلىك باغ ـ ئورمانلارنىڭ ھوسۇلىنى ئاشۇرۇش، ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشنى ئارزۇ قىلىدىغان بولدى، شۇڭا ئەتىيازلىق پەرۋىش قىلىشتىكى ھەرقانداق بىر ھالقىغا سەل قاراشنى خالىمايدىغان بولدى» دېدى مەرەمنىسا.

بۇ يىل لوپ ناھىيەسى باغ ـ ئورمانلارنى پەرۋىش قىلىش جەريانىدا، «بەش تور يېيىش شەكلى» بويىچە ئۆلچەملەشكەن پەرۋىش قىلىشنى يولغا قويدى، يەنى تور يېيىش شەكلىدە ئۆلاپ ياخشىلاپ ئەلالاشتۇرۇپ، تور يېيىش شەكلىدە شەكىلگە كەلتۈرۈپ چاتاپ، تور يېيىش شەكلىدە سۇغىرىپ، ئوغۇتلاپ، پەرۋىش قىلىپ، تور يېيىش شەكلىدە كېسەل ۋە ھاشارات زىيىنىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، تور يېيىش شەكلىدە شالاڭ ـ زىچ كۆچۈرۈپ تىكىپ، باغ ـ ئورمانچىلىقنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈردى، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇردى.

**(مۇخبىرلىرىمىز جاڭ جىلى، خەن چىنيەن، پەرىزات ئابدۇل، ئاقسۇ مۇخبىرلار پونكىتىدىن لىۋ خۇڭۋېن)**